(بېشى 1- بەتتە)

جىنايەتچى، مۇستەبىت تاغۇت ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ: «قەسەم قىلىمەن، بىز بەدرگە بېرىپ ئۇ يەردە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆگىلەرنى سويۇپ لەشكەرلەرگە زىياپەت بېرىپ، ھاراق - شارابلارنى ئىچىپ، ئەيش - ئىشرەت قىلىپ، پۈتۈن ئەرەبلەرگە بىزنىڭ قوشۇن تارتقانلىقىمىزنى ۋە ھەربىي كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويماي قايتمايمىز. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۇلار مەڭگۈ بىزدىن تەپ تارتىدىغان بولىدۇ» دېدى. ئەمما ئەبۇ جەھىلگە قارشى ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق قايتىپ كېتىش مەسلىھەتىنى بېرىۋىدى، ئەبۇ جەھىل تەرەپدارلىرى ئۇنىمىدى. نەتىجىدە، ئەخنەس بەنى زۆھرە قەبىلىسىنى باشلاپ قايتىپ كەتتى. ئەخنەس بەنى زۆھرە قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى ۋە بەنى زۆھرەنىڭ مۇشۇ قېتىملىق ھەرىكەتتىكى ئەمىرى ئىدى. ئاقىۋەتتە بەدرگە بەنى زۆھرە قەبىلىسىدىن بىرمۇ ئادەم قاتناشمىدى. ئۇلار 300 دەك ئادەم ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە بەنى زۆھرە قەبىلىسى ئەخنەس ئىبنى شۇرەيقنىڭ مانا بۇ پىكرىدىن پەخىرلىنەتتى ۋە ئەخنەسنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان، ئۇنى چوڭ كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى.

بەنى ھاشىم كەتمەكچى بولغاندا ئەبۇ جەھىل ئۇلارغا قاتتىق تېگىپ: «بۇ تائىپە بىز بىلەن بىرگە چىقىشى كېرەك» دېدى.

بەنى زۆھرە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن 1000 دەك مەككە قوشۇنى بەدرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بەدرگە يېقىن ئودۇەتۇل قوسۋە دېگەن ئورۇنغا چۈشتى.

مانا بۇ ۋەقەلىكنى تىلغا ئېلىپ الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «(ئەسلەڭلار،) ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار. ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار لېكىن الله تەقدىردە بەلگىلىگەن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇنى ئورۇنلاشتۇردى» (سۈرە ئەنفال 42- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## پەيغەمبەر تېبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

**كاۋاپ** (شَوِيٌّ)

الله تعالى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زىياپىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئۇزاق قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئەكەلدى» (سۈرە ھۇد 69- ئايەت).

«تىرمىزى» تويلىغان ئۇممۇ سەلەمە رضي الله عنها نىڭ ھەدىسىدە كېلىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە كاۋاپ قىلىنغان بىقىن گۆشنى قويغان، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن يەپ تاھارەت يېڭىلىماستىن نامازغا تۇرغان (1829- ھەدىس).

ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مەسجىدتە كاۋاپ يېدۇق» (تىرمىزى تويلىغان).

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «بىر كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مېھمان بولدۇم، قوي بېقىننى كاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدى. كاۋاپ كەلگەندىن كېيىن پىچاقنى ئېلىپ ماڭىمۇ پارچىلاپ بەردى. كېيىن بىلال كېلىپ ئەزان ئېيتتى» (ئەبۇ داۋۇد 194/4- ھەدىس).

ئەڭ مەنپەئەتلىك كاۋاپ ئوغلاق كاۋىپىدۇر؛ ئاندىن سېمىز، يۇمشاق توپاق گۆشىدۇر. توپاق گۆشى قۇرۇقتا مايلىق ھۆل ئىسسىق، سەۋدانى كۆپەيتىدۇ. ئۇ كۈچلۈكلەر ۋە ساغلاملارنىڭ يېمەكلىكىدۇر. سۇدا پىشۇرغىنى ئاشقازانغا مەنپەئەتلىك ۋە يەڭگىل ھەممە قورۇغانغا قارىغاندا ھۆللىكى يۇقىرىراقتۇر.

ئەڭ ناچار كاۋاپ — كۈن نۇرىدا كاۋاپ قىلىنغىنىدۇر. چوغ ئۈستىدە كاۋاپ قىلىنغىنى ئوت ئۈستىدە كاۋاپ قىلىنغىنىدىن ياخشىراقتۇر.






# سۈرىيە جىھادى ۋە شىئەلەر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇ ھەلەبتە ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئۆز مەزھىبىنى ۋە ئەھلى بەيتنى ماختايدىغان شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەر «روھنىڭ كۆچۈشى (تەناسۇخ)» ۋە «الله نىڭ ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە چۈشىدىغانلىقى (ھۇلۇل)»نى ئىلگىرى سۈرەتتى.

ھىلاكونىڭ باغدادقا ھۇجۇم قىلىشىدىن كېيىن، ئۇ يەردىكى مەركىزى مۇنقەرز بولغان.

ھەلەبتىكى مەركىزى لازىقىيەگە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭغا ئەبۇ سەئىد ئەلمەيمۇن سۇرۇر ئىبنى قاسىم ئەتتەبرانىي (ھىجرىيە 358—427) رەئىس بولغان.

كۇرد ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇلارغا قارشى ھۇجۇملىرىنىڭ كۈچىيىشى — ئۇلارنىڭ ئەمىر ھەسەن ئەلمەكزۇن ئەسسىنجارىي (ھىجرىيە 583—638)دىن ياردەم تەلەپ قىلىشىنى ۋە لازىقىيەگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا غەلىبە قىلىپ لازىقىيە تاغلىرىدا نۇسەيرىيە مەزھىبىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان.

ھىجرىيەنىڭ 700- يىللىرى (مىلادىيە 1300- يىللىرى) ئەتراپىدا قىبرىس رىسالىسىنىڭ يازغۇچىسى ئىسمەتۇد دەۋلە ھاتىم ئەتتۇبانىي نۇسەيرىيىلەر ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ ھەسەن ئەجرەد ئەئنا رايوندا تۇغۇلغان ۋە ھىجرىيىنىڭ 836- يىلى (مىلادىيە 1432- يىلى) لازىقىيەدە ئۆلگەن.

بۇلاردىن كېيىن باشقا نۇسەيرىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرىنى، مەسىلەن، ئانتاكىيە ئەتراپىدا شائىر ئەلقەمەرىي مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف كىلازىي (ھىجرىيە 1011- يىلى، مىلادىيە 1602- يىلى)، ئەلى ئەلماھۇس، نەسر نەيسافىي ۋە يۇسۇف ئۇبەيدىيگە ئوخشاش كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

سۇلايمان ئەفەندى ئەلئەزەنىي ھىجرىيە 1250- يىلى ئانتاكىيەدە تۇغۇلغان بولۇپ، نۇسەيرىيە تائىپىسىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن ئەمما كېيىن بىر مىسسىيونېرنىڭ قولىدا خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە بېيرۇتقا قېچىپ بېرىپ، «الباكورة السليمانية» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلىپ، نۇسەيرىيە تائىپىسىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. بۇلاردىن كېيىن نۇسەيرىيىلەر ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، قايتىپ كەلگەن ھامان ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى لازىقىيەدىكى مەيدانلارنىڭ بىرىدە كۆيدۈرۈۋەتكەن.

مۇھەممەد ئەمىن غالىب تەۋىل — نۇسەيرىيىلەرنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ فرانسىيەنىڭ سۈرىيىنى مۇستەملىكە قىلىش مەزگىلىدە قوماندان بولغان. ئۇ «ئەلەۋىيلەر تارىخى» ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، كىتابىدا بۇ پىرقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختالغان.

سۇلايمان ئەھمەد — 1920- يىلى ئەلەۋىيلەر دۆلىتىدە دىنىي مەنسەپ بىلەن شۇغۇللانغان.

سۇلايمان مۇرشىد — ئەسلى پادىچى بولۇپ ئەمما فرانسىيىلىكلەر ئۇنى باغرىغا باسقان ۋە ئىلاھلىقنى دەۋا قىلىشىدا ھەمدەم بولغان. ئۇنىڭغا يەنە سۇلايمان ئەلمىيدە ئىسىملىك بىر قويچىنى «پەيغەمبەر» قىلىپ تەيىنلەپ بەرگەن. كېيىن ئىستىقلال ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئالغان ۋە 1946- يىلى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى مۇجىب مەيدانغا كېلىپ ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان ئەمما ئۇمۇ 1951- يىلىدىكى سۈرىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ رەئىسىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. نۇسەيرىيىلەرنىڭ مۇۋاخەسە پىرقىسى ھازىرمۇ ئۇنىڭ نامىنى قۇربانلىقلىرىدا زىكىر قىلىدۇ.

سۇلايمان مۇرشىدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇغىيس «دادىسى دەۋا قىلغان ئىلاھلىقتا ۋارىسلىق قىلغان» دەپ دەۋا قىلىنىدۇ.

ئەلەۋىيلەر (نۇسەيرىيىلەر) سۈرىيىدىكى مىللىي سەپلەرگە سىڭىپ كىرگەن ۋە ئەھلى سۈننەلەرگە قارشى يۈزى بىلەن 1964- يىلىدىن باشلاپ ھۆكۈمەتتىكى نوپۇزى زورايغان. 1970- يىلى 11- ئاينىڭ 16- كۈنى ئىنقىلاب قوزغىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغان، 1971- يىلى 3- ئاينىڭ 12- كۈنى جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن.

پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى:

① نۇسەيرىيىلەر ئەلى رضي الله عنه نى ئىلاھ قىلىۋالغان. ئۇلار «ئەلىنىڭ روھانىي چىقىشى پانىي بولۇپ، جىسمانىي ۋۇجۇدى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈشى بولسا جىبرىئىلنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ شەكلىدە كۆرۈنۈشىگە ئوخشايدۇ» دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

② «تەڭرى ئەلى ئىنسان سۈرىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىش ئارقىلىق بەندىلىرى ۋە مەخلۇقلىرىنى كۆندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

③ ئەلى رضي الله عنه نىڭ قاتىلى ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەمنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. تەڭرىنىڭ ئىنسانلاردىن قۇتۇلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇغانلارنى خاتاغا چىقىرىدۇ.

④ بەزىلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسەن، ئەلى رضي الله عنه ئۆزىنى باغلىۋالغان جەسەتتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن بۇلۇتقا يەرلەشكەن شۇڭا ئۇلار ئۈستىلىرىدىن بۇلۇت ئۆتكەندە: «سالام ساڭا ئى ئەبۇلھەسەن!» دېيىشىدۇ. ئۇلار يەنە گۈلدۈرمامىنى «ئۇنىڭ ئاۋازى»، چاقماقنى «ئۇنىڭ قامچىسى» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

⑤ ئۇلار يەنە: «ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەلمان فارىسىينى، سەلمان فارىسىي تۆۋەندىكى بەش يېتىمنى ياراتقان. ئۇلار:

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد — ئىنسانلارنىڭ تەڭرىسى، ياراتقۇچىسى ۋە گۈلدۈرمامىلارنىڭ يېتەكچىسى.

ئەبۇ زەر غىفارى — يۇلتۇزلار ۋە پىلانېتلارنىڭ مۇئەككىلى.

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە — شامال ۋە ئىنسانلارنىڭ روھلىرىنى ئېلىشقا مەسئۇل.

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن — ئاشقازان، تەننىڭ قىزىقلىقى ۋە ئىنسان كېسەللىكلىرىنىڭ مەسئۇلى.

قەنبەر ئىبنى كادان — ۋۇجۇدلارغا روھنى پۈۋلەشنىڭ مۇئەككىلى» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

⑥ باشقا باتىنىي گۇرۇپپىلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭمۇ (ئوخشاش جىنىسلار ۋە يات جىنىسلار ئۆزئارا) ئىرىمشىپ-چىرمىشىپ كېتىدىغان ئايرىم كېچىسى بار.

⑦ ئۇلار ھاراقنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئىچىشىدۇ، بۇ سەۋەبلىك ئۈزۈم دەرىخىنى چوڭ بىلىدۇ. ئۇلار «نۇر» دەپ ئاتايدىغان ھاراقنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئۈزۈم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈزۈم دەرىخىنى قومۇرۇپ تاشلاش ياكى كېسىشنى تولىمۇ يامان كۆرىدۇ.

⑧ ئۇلار ھەر كۈنى ئاتالمىش بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدۇ ئەمما بۇ نامازنىڭ رەكئەت سانلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا بەزى رۇكۇ بولسىمۇ سەجدىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## پۇل

بىر رامىزان كۈنى ئىدى. ئەكرەم ئىپتارغا يېقىن نان ئېلىش ئۈچۈن ناۋايخانىغا باردى. ناۋايخانىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچىرەت بار بولۇپ، ئىپتار ۋاقتى يېقىنلاشقانسىرى ئۆچىرەت ساقلاۋاتقانلار سەۋرسىزلىنىشكە باشلىدى، ناۋاي ئىتتىك بەك ئالدىراش ئىدى. نۆۋىتى كەلگەنلەرگە ناننى بېرىپ پۇلىنى ئېلىش ئۈنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى. ئىپتارغا ئەزان ئوقۇلاي دەپ قالغاندا ئەكرەمگە نۆۋەت كەلدى. قاتتىق ھېرىپ كەتكەن ناۋاي ئەكرەمگە دىققەتسىزلىكتىن پۇلنى ئارتۇق ياندۇرۇپ بەردى. ئەكرەم توختاپ قېلىپ ناۋاينىڭ يۈزىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىۋىدى، ناۋاي:

— بىرەر خاتالىق بولدىمۇ بالام؟ — دەپ سورىدى. ئەكرەم:

— ياقەي، — دەپ پۇللارنى ئېلىپ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئەكرەم ئىپتار داستىخىنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان چېغىدا بىئاراملىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. كۆزگە كۆرۈنمەس بىرەيلەن خۇددى ئۇنى ھېسابقا تارتىۋاتقاندەكلا ئىدى:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟

— ھەققىڭ يوق پۇلنى نېمىشقا ئالدىڭ؟

ئەكرەم بولغان ئەھۋالنى ئانىسىغا دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن يەنە دەرھال ۋاز كەچتى. چوقۇمكى، ئانىسى ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەپ ئاچچىقلايتتى.

كېچە چۈشىدە قارا باستى. ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندىمۇ ئىچىدىكى بىئاراملىقنىڭ ئازايمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تامدىكى كالېندارنىڭ ۋارىقىنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ ھەدىسى يېزىقلىق ئىدى: «**الْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ وَكَرِهْتَ أَنْ يَطَّلِعَ عَلَيْهِ النَّاسُ** (گۇناھ — ئىچىڭنى تاتىلىغان ۋە باشقىلارنىڭ بىلىشىنى سەن خالىمايدىغان بىر ئىشتۇر)» (مۇسلىم تويلىغان).

ئەكرەم يۈزىنىڭ قىزارغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ھەدىسنى پەيغەمبىرىمىز گويا ئۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلەۋاتقاندەكلا ئىدى. ئەكرەم ئۇدۇل ناۋايخانىغا باردى - دە، ھەققى يوق پۇلنى كەچۈرۈم سورىغان ھالدا ناۋايغا قايتۇرۇپ بەردى.









# قان بىلەن يېزىلغان سۆزلەر

(4)

ئى ئىسلام ئۈممىتى! شۇنى بىلگىنكى، سېنىڭ مۇجاھىد پەرزەنتلىرىڭ سەندىن خارۇ-زارلىق چاڭ-توزانلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن شۇنداقلا سېنىڭ سېپىڭگە ساڭا بوھتان بىلەن زورمۇزور مەنسۇپ قىلىپ كىرگۈزۈۋېلىپ قويۇلغان ۋە ۋىجدانسىزلار سەندىن كەتكۈزۈۋېتىپ قويغان شانۇ-شەۋكىتىڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ھەركۈنى ئەمىر ۋە ئەسكەرلەردىن بولغان پىداكار شەھىدلەرنى تەقدىم قىلماقتا.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! بۇ ۋەزىيەتتە بەرىكەتلىك باتۇرلارنى يەنىمۇ كۆپرەك يوللاپ بايراقنى قولغا ئېلىپ، ئامانەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن جىددى تۇتۇش قىلغايسىلەر چۈنكى بۇ جەڭ — ئەجەللىك بىر كۈرەشتۇر. الله نىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئاشۇ شەھىدلەر جەڭنى خېلى يۇقىرى باسقۇچقا يەتكۈزدى، شۇنىڭ ئۈچۈن سەل قاراش ۋە ئارقىغا سوزۇشقا ئورۇن يوق، ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشنى خالىمايمىز.

ھىممەت قىلىڭلار! ھىممەت قىلىڭلار!

جاسارەت كۆرسىتىڭلار! جاسارەت كۆرسىتىڭلار!

ساباتلىق بولۇڭلار! ساباتلىق بولۇڭلار!

بۇ پەقەت بىر ئاز جەڭ تۈتەكلىرى خالاس، ئۇزاققا قالماي تاراپ كېتىدۇ. كەلگۈسى تەقۋادارلارغا مەنسۇپ، ئاداۋەت پەقەت زوراۋانلارغىدۇر. «زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» (سۈرە شۇئەرا 227- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

زالىم ئامېرىكىغا، ئۇنىڭ يالاقچىلىرىغا ۋە دېيىغا ئۇسۇل ئويناۋاتقانلارغا شۇنداق دەيمىز: بىلىپ قويۇڭلاركى، قوماندانلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن جىھاد چاقى توختاپ قالمايدۇ بەلكى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەيدۇ. قوماندانلارنىڭ شەھىد بولۇشى بىزنى ئۇلار ماڭغان يولدا تېخىمۇ مۇستەھكەم، تېخىمۇ ساباتلىق قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ يولنى قوغدىغان، ئەنە شۇ يول ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەسمۇ؟!

ئى كرېست شۇئارى گۇرۇھى! سىلەرگە شۇملۇق خۇشخەۋىرى: سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈرەش بىرەر-ئىككى قوماندانىنىڭ ئۆلۈمىگە باغلىق ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە قوماندانلىرىمىزدىن بىرەرسىنىڭ شەھىد بولۇشى جەڭلىرىمىزنى تېخىمۇ يالقۇنلىتىدۇ. ياخشىسى تارىخنى ئۇبدانراق كۆرۈڭلار.



— سومالى مۇجاھىد ياشلار ھەرىكىتى قوماندانلىق شتابى (الله ئۇلارغا نۇسرەت بەرسۇن!)

(5)

بىز ئىپتىدائىي ئىسلام ھالىتىگە چېكىنىپ كەتتۇق. مۇسۇلمان دىيارلىرى مۇرتەدلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدا ئىلمانىيلار، دىنسىزلار، خرىستىئانلار ۋە كاپىر-زىندىقلار ھوقۇقدار بولماقتا؛ ئۇنىڭدا تەۋھىدچىلەر كۈرەشكە تارتىلىپ، سالىھ ۋە ياخشىلار ئۆلتۈرۈلمەكتە؛ ئۇنىڭ بۈگۈنكى تۈرمىلىرى خرىستىئانلار بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇۋاتقان مۇرتەد ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، جىھادتىن ئىبارەت ئىبادەتنى ئادا قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئىچىنىشلىق ئاۋازلىرى بىلەن تولماقتا.

بارلىق دىيارلىرىمىز، جۈملىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلى يېڭىدىن ئازات قىلىش كېرەك بولغان بىر ھالغا قايتتى. مۇشۇ كۈنلەردە خۇراسان، ئىراق، پەلەستىن، كاۋكاز، سومالى، ئالجىرىيە، يەمەن قاتارلىق جايلاردا قېرىنداشلىرىمىز كۆتۈرگەن ساپ ۋە يارقىن بايراقلار سىماسىدا كۆزلىرىمىز خۇشاللىقتا چۆممەكتە. ئۇلار تەۋھىد بايرىقى ئاستىدا جىھاد قىلىۋاتقان يېڭى ئازادلىقنىڭ ئۈمىدۋار جەڭچىلىرىدۇر.

كاشكى بىلسەم! ئەگەر ئازادلىق جەڭچىلىرى ئۇلار بولمىسا ئۇنداقتا كىم؟!

ھەدىس-شەرىفتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىش شۇ يەرگە يېتىپ بارىدۇكى، شام، يەمەن، ئىراق قاتارلىق جايلاردىن توپلانغان جەڭچىلەر مەيدانغا كېلىدۇ». ئىبنى ھەۋالە: «ئەگەر مەن شۇ چاغدا بولۇپ قالسام قايسىسىدا بولۇشۇمنى تاللاپ بەرسىلە ئى الله نىڭ ئەلچىسى!» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «شام قوشۇنىدا بولغىن. شەكسىزكى، ئۇ الله نىڭ زېمىنىدىكى الله تاللىغان بەندىلىرى يىغىلىدۇ. ئەگەر شام قوشۇنىدا بولالمىساڭلار يەمەن قوشۇنىدا بولۇڭلار. ئۇنىڭ بۇلاق، كۆللىرىدە تەشنالىقىڭلارنى قاندۇرۇڭلار! ھەقىقەتەن الله ماڭا شام ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ھەققىدە كاپالەت بەردى» دېگەن.

بۇ ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا چوقۇم ھەربىر شەھەردە تەييار تۇرىدىغان قوشۇنلار چىقىدىغان بىر دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى شۇنداقلا بۇ چاغدا ھەرقانداق سادىق بىر مۇسۇلمان، كىشىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغىنىغا قارىماي ئۆز شەھىرىدىكى قوشۇنىغا قېتىلىپ الله تىن ئۆزىنى دىنغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە سېلىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بىر جەڭچىسىگە ئايلانماي مۇمكىن ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەندۇر. ئەنە شۇنداق قىلغان ھەرقانداق كىشى ئازادلىقتىن ئىلگىرى جەڭ قىلىپ قۇربان بەرگەنلەر دەرىجىسىگە يەتكۈسىدۇر*...

— شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى (الله ئۇ كىشىنى سابىت قەدەم قىلسۇن!)

(6)

ئى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پەرزەنتلىرى! زەھەرخەندە خرىستىئانلارنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ گە قىلغان ھاقارەتلىرى ۋە قۇرئانىي دەپسەندە قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى قەلبىڭلارنى پۈتمەس غەزەپ - نەپرەتكە تولدۇرسۇن! شۇنداقلا بۇ غەزەپ - نەپرەتلار ئارقىلىق الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئامېرىكا تۈزۈلمىسىنىڭ چەكتىن ئاشقان يوغانچىلىقىنى يەرگە ئۇرۇپ، بۇرنىنى تۇپا ۋە پاتقاقلارغا تىقىش ئۈچۈن تاڭ يورۇشقا ئاز قالغانلىقىدىن ئىبارەت خۇش بىشارەت بىلەن ھەرىكەتكە كەلگەيسىلەر!

ئۆز دەۋرىدىكى مۇجاھىد ئالىملار پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە رحمه الله ئۆزىنىڭ «پەيغەمبەرگە تىل تەگكۈزگەنلەرگە سۇغۇرۇلغان شەمشەر» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا مۇنداق جۈملىلەرنى قالدۇرغان: «تەجرىبە ۋە فىقھى ئەھلىدىن بولغان ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇلار رۇملۇقلار (ھازىرقى غەربلىكلەر)غا قارشى جەڭ قىلىپ ئۇلار بېكىنىۋالغان بىرەر قەلئەنى ئازات قىلىش قىيىنلاشقان بىر پەيتتە، قەلئەگە بېكىنىۋالغانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىپىگە تىل تەگكۈزگەن. مۇسۇلمان قوشۇنى بۇنىڭدىن قورغاننىڭ ئازادلىقى يېقىنلاشقانلىقىدىن بىشارەت ئالغان. ئاشۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەپ دەيدۇكى: <الله بىلەن قەسەم، ئاشۇ ئىش يۈز بېرىپ بىر- ئىككى كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك الله نىڭ ئىزنى بىلەن بىز قورغاننى ئازات قىلدۇق>».

ئى ئىسلام ئۈممىتى! بىلگىنكى شانۇ - شەۋكەت — تەشۋىقات ۋاستىلىرى بىلەن قىلىنغان ئەيىبلەش باياناتلىرى، قارشى شۇئارلار بىلەن قىلىنغان نامايىشلار ۋە كانايىنى كېرىپ ۋارقىراشلار بىلەن ئەمەس بەلكى ھىدايەت كىتابى (قۇرئان) ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان قىلىچ بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ئى قۇرئان ئۈممىتى! شۇنىڭغا چوقۇم ئىشەنگىنكى ئازادلىق يېقىنلاشتى، ئازادلىق يېقىنلاشتى. «گۇناھى تۆپەيلىدىن الله ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى، ئۇمۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلدى [14]. الله ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ) ئاقىۋىتىدىن قورقمايدۇ [15]» (سۈرە شەمس 14- ۋە 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئى الله! ئامېرىكىدا، گۇۋانتانامودا، بەگرامدا ۋە ئەبۇ غرېبتا ئۇلۇغ كىتابىڭنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يىرتىپ پارچىلىغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پارچىلاپ ھالاك قىلغىن!..

— شەيخ نازىم ئەبۇ ئۇسەيلىم - ئەبۇ ئۇسامەتتاسىرى (الله ئۇ كىشىنى مۇھاپىزەت قىلسۇن!)

* «سىلەردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل-مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر - بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى» (سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

# ئائىلىسىكى رېتسىپلار

### ئاچچىقسۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى

سوغۇق سۇغا ئازراق ئاچچىقسۇ قوشۇپ ئۇنىڭغا توڭ گۆشنى چىلىسا، توڭ گۆش تېز ئېرىيدۇ، توڭ بېلىقنى مۇشۇ ئۇسۇلدا ئېرىتسىمۇ بولىدۇ.

بوغۇزلىغان توخۇ، غاز، ئۆردەك، كەپتەر قاتارلىقلارنى بىر چوڭ قوشۇق ئاچچىقسۇ قوشۇلغان قايناقسۇغا بىر نەچچە مىنۇت چىلىسا، ئۇلارنىڭ پەيلىرىنى تازىلاش ئاسان بولىدۇ.

مۇچ قورۇغاندا ئازراق ئاچچىقسۇ قويۇۋەتسە، مۇچ ئاچچىق بولماي، مەززىلىك پىشىدۇ.

ھەر كىلوگرام سۇغا 10 مىللىلىتىردىن ئاچچىقسۇ قويۇپ، بېلىقنى بىر نەچچە مىنۇت چىلاپ ئاندىن قاسىرىقىنى قىرسا، قاسىرىقى ئاسان تازىلىنىدۇ.

تومۇز ئىسسىقتا بېلىقنى ئاچچىقسۇ قويۇلغان سۇغا چىلاپ قويسا، بېلىق بىر كېچە - كۈندۈزدىمۇ بۇزۇلمايدۇ.

شورپىغا ئازراق ئاچچىقسۇ قويۇپ ئىچسە، بەدەننىڭ كالتسىينى سۈمۈرۈشكە پايدىسى بولىدۇ.

تۇخۇم پىشۇرغاندا سۇغا بىر نەچچە تېمىم ئاچچىقسۇ تېمىتىۋەتسە، تۇخۇم يېرىلماي پىشىدۇ.

گاڭپەن دۇملىگەندە بىر نەچچە تېمىم ئاچچىقسۇ تېمىتىپ دۇملىسە، گۈرۈچ ئاپئاق، تىرىك ھەم مەززىلىك پىشىدۇ.

كۆكتات يۇغاندا كۆكتات يۇغان سۇغا بىر نەچچە تېمىم ئاچچىقسۇ تېمىتىۋەتسە، كۆكتات يوپۇرمىقىدىكى قۇرۇتلارنى يوقىتىپ، تازىلاش ئاسان بولىدۇ.

كالا گۆشى پىشۇرغاندا، ھەر كىلوگرام سۇغا بىر - ئىككى چوڭ قوشۇق ئاچچىقسۇ قويۇپ قايناتقاندا، كالا گۆشى ھەم مەززىلىك، ھەم يۇمشاق پىشىدۇ.

ئاقلانغان بەرەڭگە (ياڭيۇ)نى سوغۇق سۇغا چىلىغاندا، ئازراق ئاچچىقسۇ تېمىتىۋەتسە بەرەڭگىنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ.

پوشكال، بوغۇرساق سالغاندا، خېمىرغا ئازراق ئاچچىقسۇ قويۇۋەتسە يېيىشلىك بولىدۇ.

كۆكتات قورۇغاندا ئازراق ئاچچىقسۇ قويۇۋەتسە، ۋىتامىن C نىڭ ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

پىدىگەن قورۇغاندا ئازراق ئاچچىقسۇ قويۇۋەتسە، قارىيىۋالماي كۆركەم پىشىدۇ.

بېلىق پىشۇرغاندا ئازراق ئاچچىقسۇ تېمىتىۋەتسە، بېلىقنىڭ غەيرى پۇرىقىنى يوقىتىدۇ.

ئاچچىقسۇ قويۇپ مور يۇغان سۇدا داستىخان، لۆڭگىلەرنى يېنىك ئۇۋۇلاپ يۇسا كىرى ئاسان چىقىدۇ.

لەغمەن پىشۇرغاندا سۈيىگە ئازراق ئاچچىقسۇ تېمىتىپ قاينىتىلسا، چۆپ تىرىك ھەم ئاپئاق پىشىپ يېيىشلىك بولىدۇ.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

### سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| ضَيْفٌ | مېھمان |
| ضَيْفَةٌ | مېھمان (ئاياللىق) |
| ضُيُوفٌ | مېھمانلار |
| صَدِيقَةٌ | دوست (ئاياللىق) |
| عَدُوَّةٌ | دۈشمەن (ئاياللىق) |
| جَارَةٌ | خوشنا (ئاياللىق) |
| هُ | ئۇنىڭ، ئۇنى (ئەرلىك) |
| هَا | ئۇنىڭ، ئۇنى (ئاياللىق) |
| كَ | سېنى، سېنىڭ (ئەرلىك) |
| كِ | سېنىڭ، سېنى (ئاياللىق) |
| هُمْ | ئۇلارنىڭ، ئۇلارنى (ئەرلىك) |
| هُنَّ | ئۇلارنىڭ، ئۇلارنى (ئاياللىق) |

### جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| صَدِيقُهُ | ئۇنىڭ دوستى |
| صَدِيقُهُمْ | ئۇلارنىڭ دوستى |
| صَدِيقُهَا | ئۇنىڭ دوستى (ئاياللىق) |
| صَدِيقُهُنَّ | ئۇلارنىڭ دوستى (ئاياللىق) |
| صَدِيقُكَ | سېنىڭ دوستۇڭ |
| صَدِيقُكِ | سېنىڭ دوستۇڭ (ئاياللىق) |
| صَدِيقِي | مېنىڭ دوستۇم |
| عَدُوُّهُ | ئۇنىڭ دۈشمىنى |
| عَدُوُّهُمْ | ئۇلارنىڭ دۈشمىنى |
| جَارُهُ | ئۇنىڭ خوشنىسى |
| جَارُهُمْ | ئۇلارنىڭ خوشنىسى |
| ضَيْفُهُ | ئۇنىڭ مېھمىنى |